سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# تۈمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسىدىكى بىرىنچى توسما

يېڭى جۇڭگونىڭ قايىنام - تاشقىنلىق يىللىرى

چاڭجياڭ دەرياسىدىكى كەلكۈننى بويسۇندۇرۇش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئارزۇسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 1953 - يىلى ماۋ زېدۇڭ چاڭجياڭ دەرياسىنى تىزگىنلەش توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندا، ۋەزىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلىگەن ھالدا مۇنداق كۆرسەتكەن: ئالدى بىلەن سەنشيا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، بۇ باش ئېغىزنى توسۇپ، «بىر قېتىملىق جەڭ بىلەن تۈگىتىش» كېرەك.

گېجوۋبا قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە باشلانغان. 1970 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جوۋ ئېنلەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، گېجوۋبا سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان. كېيىن ماۋ زېدۇڭ تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ، بۇ توسمىنى ياساشنى قوللىغان. 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، 80 مىڭ ھەربىي، خەلق گېجوۋبا سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن، جۇڭخۇا مىللىتى «بوغۇلۇپ ۋۇشەن تېغىنىڭ يامغۇرى ئۈزۈل - كېسىل، كۆل بولۇپ سۇ تاغ ئارا تۇتقاي ماكان» دېگەن ئۇلۇغۋار پىلانغا قاراپ تۇنجى قەدەم ئالغان.

ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتتە، گېجوۋبا قۇرۇلۇشىدا بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، بىر تەرەپتىن لايىھەلەش، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1972 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇشنى توختىتىش قارار قىلىنغان. گېجوۋبا قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغاندىن كېيىن، 1974 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىدا قايتىدىن ئىش باشلانغان. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بارلىق قۇرۇلۇش پۈتكەن.

گېجوۋبا قۇرۇلۇشى تۈمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسى قۇرۇلۇشىدىكى بىرىنچى چوڭ توسما بولۇپ، سەنشيا قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. گېجوۋبا سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى كېمە تومسى، ئېلېكتر ئىستانسىسى بىناسى، سۇ قويۇپ بېرىش چۈشۈرگىسى، قۇم ئېقتىش توسمىسى ھەم سۇ توسۇش قۇرۇلۇشلىرىدىن تەركىب تاپقان. 1 -، 2 - نومۇرلۇق ئىككى كېمە تومىسىدىن يۈك كۆتۈرۈش مىقدارى 12 مىڭ توننىدىن 16 مىڭ تونىنىغىچە بولغان پاراخوت ئەترىتى ئۆتەلەيدۇ. 3 - نومۇرلۇق كېمە توسمىسىدىن يۈك كۆتۈرۈش مىقدارى 3000 توننىدىن تۆۋەن بولغان يولۇچىلار - يۈك پاراخوتى ئۆتەلەيدۇ. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 2 مىليون 715 مىڭ كىلوۋات. توسمىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2595 مېتىر، توسمىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى 47 مېتىر، سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمچانلىقى تەخمىنەن 1 مىليارد 580 مىليون كۇب مېتىر.

گېجوۋبا سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى ئابىدە. ئۇ چاڭجياڭ دەرياسىدىكى سۇ ئاپىتىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتتى، توك چىقىرىش، دەريا قولتۇقىدىكى سۇ يولىنى ياخشىلاش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە بولۇپ، غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق بىر سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تاۋلاپ، سەنشيا سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبە توپلاپ بەردى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاقتوقاي يېزىسىدا خۇشاللىنارلىق ئىشلار كۆپ

(بېشى 1 - بەتتە)

## كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدا

### تۈن يېرىمىغىچە چىراغلار ئۆچمىدى

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سائەت 23تە، ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسى سۇيۇتقا كەنتىدىكى بەيئېربا كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ چىراغلىرى تېخى ئۆچمىگەن بولۇپ، مەلىكەم بىلەن باشقا ئون نەچچە ئايال ئىشچى يەنە بىر تۈركۈم مەكتەپ فورمىسى زاكازىنى تېكىپ ئۈلگۈرتۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى، دۆلەت بايرىمىنىڭ ئالدىدا باللارنىڭ يېڭى مەكتەپ فورمىسى كىيىشىگە ئۈلگۈرتۈش ئۈچۈن، ئىشچىلار ئۇدا بىر نەچچە كېچە ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىدى. «ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەش جاپالىراق بولسىمۇ، لېكىن بىر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپقىلى بولىدۇ، بۇ، يەر تېرىغان كىرىمدىن خېلىلا كۆپ» دېدى مەلىكەم رازىمەنلىك بىلەن.

بەيئېربا كىيىم - كېچەك زاۋۇتى كەنتتىكى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان كارخانا، بۇ يىل قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۈچىنچى يىلى بولۇپ، 130 نامرات ئەمگەك كۈچى بۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلاشتى. «كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا بېيىش يولى ئاچقىلى بولىدۇ، بۇ، ئېغىر نامرات كەنت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا چۆشەنگەن داۋلى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى گاۋ لىجۈن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ بەش كەنتىدە ئارقا - ئارقىدىن كىيىم - كېچەك زاۋۇتى، ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى، ياغاچ پىششىقلاش زاۋۇتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، «كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + نامرات ئائىلە» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، بېيىش باشلامچىلىرىنى نامرات كەنت ئاھالىلىرى بىلەن مەنپەئەتتە باغلىنىش مېخانىزمى ئورنىتىشقا يېتەكلەپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، نامرات ئامىمنى كەسىپ تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىمەن قىلدى. «ھازىر، كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېلىپ كەلگەن مائاش خاراكتېرلىك كىرىم كەنت ئاھالىلىرى كىرىمىنىڭ 60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ» دېدى گاۋ لىجۈن.

## ياغاقلىقتا

### بېقىلغان توخۇلارنىڭ زاكازى ئۈزۈلمىدى

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، قاتارئۆرمە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەمەت تۇنىياز ئەمدىلا يىغىۋالغان ياڭاقنى ئاپتاپقا سېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ يىل ياڭاقنى سېتىۋېتىپ، باقمىچىلىقنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلاۋاتاتتى.

بۇ يىل يازدا، مەمەت ئائىلىسىنىڭ ياغاقلىقتا يەرلىك توخۇدىن 100نى باقتى، بۇ بىر نەچچە كۈندە، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن زاكازلار ئۇنى خۇشال قىلدى، ئىشىك ئالدىدىلا سودا قىلالىغانلىقىدىن ئۇ تېخىمۇ خۇشال بولدى. «بۇ يىل باققان توخۇلىرىمنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ بېرىشىم ھاجەتسىز، كەنتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىلا ساتالايمەن» دېدى مەمەت.

كەنت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 1.3 موغىمۇ يەتمەسلىك، يەرگە تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش بوشلۇقى كىچىك بولۇشتەك ئەمەلىيەتنى چۆرىدەپ، ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، خىزمەت ئەترىتى كەنت «ئىككى كومىتېت» بىلەن بىرلىكتە سودا ئوبوروتچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئۇدۇلىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

بۇ يىل، خىزمەت ئەترىتى بۇغدايىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئارقىلىق ھوسۇلنى ئاشۇرۇپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى، 250 مو ياغاقلىقنى ئۈلگە كۆرسىتىپ ئۆستۈرۈش ئورمىنى قىلىپ سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇردى ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى سېرىق لىگۋا كىرگۈزۈپ، ياغاقلىق ئەتراپىغا، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا تېرىدى.

## بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر قوللىنىش

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «چارىسى بار»بولدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا، نۇقتىلىق ھەل قىلىش زۆرۈر بولغانلىرىدىن يەنە ئامىمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش مەسىلىسى بار.

يېڭى سۆگەتلىك كەنتىدىكى 43 ياشلىق زورەم مامۇت ئائىلىسى ئېرى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئوغلى ئوتتۇرا تېخنىكومنى تېخى پۈتكۈزمىگەن بولغاچقا، نامراتلىق چېكىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالغانىدى. زورەمگە ئوخشاش مۇشۇنداق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش چېكىدە تۇرۇۋاتقانلاردىن يېڭى سۆگەتلىك كەنتىدە يەنە 75 ئائىلە بار.

زىيارەت قىلىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت «ئىككى كومىتېت»ى زورەمگە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش «رېتسېپ»ى يېزىپ بەردى: قىسقا مۇددەت پاختا تېرىشقا تايىنىپ، ئىككى ئايدا 5000 يۈەن ئەتراپىدا پۇل تېپىش؛ كەنت تەمىنلىگەن تازىلىق ئىشچىسىلىق ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورنىغا بېرىپ ئىشلەش، يەنە تۈرلۈك سىياسەت ياردەم مەبلىغىنى قوشقاندا، زورەم ئائىلىسىدىكى ئۈچ جاننىڭ بۇ يىللىق كىشى بېشى ساپ كىرىمىنىڭ 6600 يۈەنگە يېتىشى مۆلچەرلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى لەن ۋېنخۇي مۇنداق دېدى: بىز نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتا «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر» «بىر ئادەمگە بىر چارە»نى بېكىتىپ، مۆلچەردىكى كىرىمى تۆۋەنرەك بولغانلىرىغا قارىتا كىرىمنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى تەڭشەپ، تەدبىردە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، كىرىمنىڭ ئۆلچەمگە يېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، يەنە بېيىتىشتا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك» دېدى لەن ۋېنخۇي.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جاڭ خۇا: غايىگە باي

# باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىغان مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن، 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ جۈنباۋ)** چىڭمىڭ مەزگىلىدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھاۋا ئارمىيە ھەربىي تېببىي داشۆسى (4 - ھەربىي تېببىي داشۆسى)نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى جاڭ خۇانىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ يۈكسەك، شۇنداقلا شەخسىيەتسىز روھىنى ئەۋج ئالدۇردى. جاڭ خۇا يېڭى بىر ئەۋلاد ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى. 1982 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، گەندە ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن ۋېي جىدېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 24 ياشلىق جاڭ خۇا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى يەنىلا كىشىلەر قەلبىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.



جاڭ خۇانىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

جاڭ خۇا، 1958 - يىلى 10 - ئايدا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇلىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئىزچىل ئەخلاق - پەزىلەت، ئۆگىنىشتە ئەلاچى بولۇپ، كۆپ قېتىم «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالانغان. 1977 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن، ئىش ئورنىدا ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش ئۈلگىسى بولغان. 1979 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1979 - يىلى كۈزدە، جاڭ خۇا شېنياڭ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيە سىستېمىسى بويىچە 1 - بولۇشتەك نەتىجە بىلەن 4 - ھەربىي تېببىي داشۆسىنىڭ ھاۋا ئارمىيە تېببىي فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. جاڭ خۇا ئۆگىنىش، ئىدىيە، ئىستىل، ئىنتىزام، ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەر ۋاقىت «لېي فېڭنى ئۈلگە قىلىپ» «دەۋر قەھرىمانى بولۇش»نى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «پارتىيە ئىشلىرى ئېھتىياجلىق بولسىلا، مەن قۇربان بېرىشكە تەييار».

«ھاياتلا بولسام خەلق ئاممىسىنى قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىمەن، بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىم.» ئۇ لېي فېڭغا ئوخشاش كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلەتتى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. مەكتەپتە، ئۇ دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كىچىك گېزىت چىقىرىپ، مەكتەپتىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەشۋىق قىلاتتى؛ پويىز ئىستانسىسىدا، ئۇ بەزى يولۇچىلارنىڭ كۆپ يۈك - تاق ئېلىۋالغانلىقتىن تەستە مېڭىۋاتقانلىقنى كۆرۈپ قالسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرەتتى. ئۇنىڭ لېي فېڭغا ئوخشاش مۇھەببەت - نەپرەتى ئېنىق ئىدى، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتەتتى. بىر قېتىم ئاممىۋى ئاپتوبۇستا، جاڭ خۇا بىر يانچۇقچىنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغان، ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يانچۇقچىغا ئوغرىلىغان پورتمانىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلغان. ئۇ لېي فېڭغا ئوخشاش دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى قوغدايتتى. بىر يىلى، جاڭ خۇا يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتىپ ئاتا - ئانىسى يوقلىغاندا، دەل شۇ جايدا يۈزبەرگەن تاغ گۈمۈرۈلۈش ئاپىتىگە ئۇدۇل كېلىپ قالغان، ئۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپلا، قۇرۇلۇش مەيدانىغا بېرىپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان. ئۇ ئەتىسى سەھەردە ئاندىن ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتقان.

1982 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىئەن شەھىرىنىڭ باچياۋ رايونى شىنجۇ يېزىسىدىكى 69 ياشلىق ۋېي جىدې بوۋاي ئاممىۋى ھاجەتخانىدا گەندە تازىلاۋاتقاندا، پاتقاق گازىدىن زەھەرلىنىپ، گەندە ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن. كوچىدا ئىش بېجىرىۋاتقان جاڭ خۇا قۇتقۇزۇشقا چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، يېنىدا ئېلىۋالغان بۇيۇملارنى تاشلاپلا، دەرھال ئىش چىققان جايغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قۇتقۇزۇشقا تەييارلىنىۋاتقان باشقا ئاممىنى توختىتىۋېلىپ، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى گەندە ئازگىلىغا سەكرەپ چۈشۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋېي جىدېنى قۇتقۇزغان.

گەندە ئازگىلىنى قويۇق پاتقاق گازى قاپلاپ كەتكەن بولغاچقا، جاڭ خۇا پاتقاق گازىدىن زەھەرلىنىپ گەندە ئازگىلىدا يىقىلىپ چۈشكەن، ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلىنىپ تۇنجۇقۇپ قالغانلىقتىن، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 24 ياشتا ئىدى.

جاڭ خۇانىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى پۈتۈن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. 1982 - يىلى، جاڭ خۇاغا «غايىگە باي، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىغان مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە سەھىيە سىستېمىسى جاڭ خۇادىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان.

جاڭ خۇانىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ساۋاقداشلىرى ھەممىدە جاڭ خۇا بىلەن بىر دەۋردە ئۆسۈپ يېتىلگەن نۇرغۇن كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ باشتىن - ئاخىر كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەس ئابىدە. 2015 - يىلى، قەھرىماننىڭ روھى يۇرتىغا قايتتى، شۇ جايدىكى ھەر ساھە چىتەيخې شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا «ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ خۇانىڭ جەسەت كۈلىنى دەپنە قىلىش مۇراسىمى»نى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزدى. ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتارلىق مىڭغا يېقىن كىشى بۇ ھەيۋەتلىك پەيتكە بىرلىكتە گۇۋاھ بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، مەيلى جاڭ خۇا قۇربان بولغان جايدا بولسۇن ياكى ئۇنىڭ يۇرتىدا بولسۇن، جاڭ خۇانىڭ ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە، ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلىنماقتا.

# گو جۈنچىڭ: كۆپ قېتىم ئاجايىپ تۆھپە ياراتقان «ھازىرقى زاماندىكى خۇا مۇلەن»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ، 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جاۋ خۇڭنەن)** لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنجوۋ شەھىرى لياۋشېن ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار سارىيىدا، بىر پارچە ئايال قەھرىماننىڭ سۈرىتى دائىم ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. جاپالىق ئۇرۇش يىللىرىدا، ئۇ بەش يىلدەك ئەرەنچە ياسىنىپ، ئەر يولداشلارغا ئوخشاش باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا جەڭ قىلغان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىپ، كۆپ قېتىم ئاجايىپ تۆھپە يارىتىپ، «ھازىرقى زاماندىكى خۇا مۇلەن» دەپ ئاتالغان. ئۇ دەل ئاتاقلىق رومان ۋە كىنو «ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ياشلىق»تىكى باش پېرسوناژ «گاۋ شەن»نىڭ تۇرمۇشتىكى ئەسلىي ئوبرازى، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئايال ئۇرۇش قەھرىمانى گو جۈنچىڭ.



گو جۈنچىڭنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

گو جۈنچىڭ، 1931 - يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ لىڭيۈەن ناھىيەسىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1945 - يىلى، پومېشچىك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي جىنسىنى يوشۇرۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ يېشىنى ئىككى ياش چوڭ مەلۇم قىلىپ، گو فۇ دېگەن يالغان ئىسمنى ئىشلىتىپ ھەربىيلىككە قاتناشقان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالاقىچى، مۇھاپىزەتچى، بەنجاڭ، لېيەندۈي كاتىپى ۋە مۇئاۋىن جىداۋيۈەن بولغان.

گو جۈنچىڭ قىسىمغا كەلگەندىن كېيىن، سىياسىي - ئىدىيەۋى ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ناھايىتى تېز بولغان، پارتىيە تەشكىلىگە پائال يېقىنلاشقان. ئۇ پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدا مۇنداق يازغان: «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئاخىرغىچە خىزمەت قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن، قان تۆكۈپ قۇربان بولۇشتىن قورقماسلىق كېرەك.» 1947 - يىلى 6 - ئايدا، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

قىسىمدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە، گو جۈنچىڭ چوڭقۇر سىنىپىي ھېسسىيات بىلەن، قىزغىنلىق بىلەن سەپداشلىرىغا كۆيۈنگەن. ئادەتتە كىم ئاغرىپ قالسا ئۇ كېسەل تامىقى ئېتىشقا ياردەملەشكەن؛ ھەربىي يۈرۈش سەپىرىدە، ئۇ يولداشلارغا ياردەملىشىپ مىلتىق كۆتۈرۈپ، بوغچىلارنى يۈدۈگەن، يارىدارلانغان، كېسەل بولغانلارنى قۇتقۇزغان. بىر قېتىم ھەربىي يۈرۈشتە بەلگە كېلىدىغان چوڭقۇرلۇقتىكى دەريادىن ئۆتىدىغاندا، ئۇ باشلامچى بولۇپ كېسەللەرنى بىر - بىرلەپ يۈدۈپ دەريادىن ئۆتكۈزگەن، ئۆزى شۇ سەۋەبلىك سوغۇق ئۆتۈپ كېسەل ئاسارىتى قالغان.

1948 - يىلىنىڭ بېشىدا، گو جۈنچىڭ شەرقىي شىمال دالا ئارمىيەسى مەلۇم قىسمىغا يۆتكىلىپ 3 - لىيەن 4 - بەنىنىڭ بەنجاڭى بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي، پىڭچۈەن ئۇرۇشى باشلانغان. ئۇ يېتەكلىگەن 4 - بەن زەربىدار بەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەھەرنىڭ شەرقىدىكى 2 - يول تاغ قىرىنى ئېلىش مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇ چاغدا، پۈتۈن بەندە پەقەت ئون نەچچە كونا مىلتىق ۋە نەچچە ئونلا گىرانات بار ئىدى، جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇنجى قېتىم جەڭگە قاتناشقان يېڭى ئەسكەرلەر ئىدى، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دۇچ كەلگىنى قورال - جابدۇقلىرى سەرخىل 60 نەچچە دۈشمەن ئىدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، گو جۈنچىڭ قىزىل بايراقنى لەپىلدىتىپ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان. جەڭدە، ئۇنىڭ يېنىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان مۇئاۋىن بەنجاڭ ئوق تېگىپ قۇربان بولغان. ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا «مۇئاۋىن بەنجاڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى» دەپ توۋلاپ، باشلامچى بولۇپ تاغ قىرىغا چىققان. دۈشمەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئۇ سەپداشلىرىنى يېتەكلەپ دۈشمەن بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىپ ئېلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. گو جۈنچىڭ قوماندانلىق قىلىشتا پاراسەتلىك، باتۇر بولغانلىقتىن، كېسەل تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۆھپە ياراتقان.

تۆۋەن يەنە 4 - بەنگە «جەڭ قىلىشتىكى نەمۇنىلىك بەن» دېگەن لەۋھەنى بەرگەن.

ئۆزىنىڭ ئاياللىق مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن، بەش يىلدا، گو جۈنچىڭ ئەزەلدىن كىيىمنى سېلىپ ئۇخلاپ باقمىغان، ئەزەلدىن كۆپچىلىك بىلەن بىللە ھاجەتكىمۇ چىقمىغان، يۇيۇنمىغان. 1950 - يىلى 4 - ئايدا، زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن، گو جۈنچىڭ ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي جىنسى ئاشكارىلانغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا، ئۇ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئايال كۈرەش قەھرىمانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەملىكەتلىك ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، ماۋ زېدۇڭ، جوۋ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، جۇ دې قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن، يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو ياشلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بېرىپ موسكۋا شەرق داشۆسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق داشۆسىگە ئوقۇشقا كىرگەن.

مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، گو جۈنچىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىكتە خىزمەت قىلغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەندۇڭ ئۆلكىسى چېڭداۋ 1 - كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى، شەندۇڭ ئۆلكىسى ساۋشيەن ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1981 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ چاڭجوۋ شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. 1983 - يىلى 9 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن نەنجىڭدا ۋاپات بولغان.

لىڭيۈەن شەھەرلىك قىزىل يىغىپ - ساقلاش كۆرگەزمە سارىيىنىڭ سارايى باشلىقى چى جى مۇنداق دېدى: گو جۈنچىڭنىڭ ھاياتى قەھرىمانلىق بىلەن ئۆتكەن ھايات. ئۇنىڭ تۆھپە بىلەن ھېسابلاشمايدىغان كىشىلىك ھايات پوزىتسىيەسى كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئالىيجاناب ھەم ئاددىي - ساددا ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)